# شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن ئايىنى چارلاش قۇرۇلۇشى چاڭئې 5 ـ نومۇر ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلىنىلىقدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئاي شارىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى ۋە قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىغا بولغان ئىلمىي تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا تۆھپە قوشىدۇ. سىلەرنىڭ ئاجايىپ تۆھپەڭلەرنى ۋەتەن ۋە خەلق مەڭگۈ ئەستە ساقلايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقى ئۈستىدە ئىزدىنىش قەدىمىنىڭ چېكى يوق. سىلەرنىڭ ئارزۇغا ئىنتىلىش، دادىل ئىزدىنىش، ماسلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتەك ئايىنى چارلاش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەربىر قەدەملەردە يۇلتۇزلار ئارا تەكشۈرۈشنى باشلاش يېڭى مۇساپىسىدە ئىز قالدۇرۇپ، ئالەم قاتنىشى كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچ پايدىلىنىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور يول ئېچىش خاراكتېرلىك تۆھپە قوشۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ۋاڭ يۇڭ بېيجىڭ ئالەم قاتنىشى ئۇچۇشنى كونترول قىلىش مەركىزىنىڭ چاڭئې 5 ـ نومۇر ۋەزىپىسى ئۇچۇشنى كونترول قىلىش نەق مەيدانىدا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىنى ئوقۇدى.

چاڭئې 5 ـ نومۇر ۋەزىپىسى دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئاي يۈزىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش ۋە قاچىلاپ پېچەتلەش، ئاي يۈزىدىن ئۇچۇش، ئاي شارى ئوربىتىسىدا ئۇچرىشىپ ئۇدۇللىشىش، ئەۋرىشكىنى ئېلىپ قايتا كىرىپ قايتىش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك مۇھىم، زور بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئايىنى چارلاش قۇرۇلۇشىدا «ئايلىنىش، قونۇش، قايتىش»تىن ئىبارەت ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش پىلانىنىڭ قەرەلىدە تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىدە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. يولداش شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى چۆرىدەپ بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئېلان قىلىپ، يېڭى دەۋردە نېمە ئۈچۈن دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قانداق يولغا قويۇش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈردى. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، بايانى چوڭقۇر، لوگىكىسى پۇختا، سىستېمىسى مۇكەممەل بولۇپ، ماركسىزملىق قانۇنچىللىق نەزەرىيەسىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. يولداش شى جىنپىڭنىڭ «دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

9 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 12 ـ قېتىملىق كۆزىتىش خىزمىتىگە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

# سىياسىي جەھەتتە كۆزىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن**، ئىختىيارىي مۇخبىر **جاڭ پېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 9 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 12 ـ قېتىملىق كۆزىتىش خىزمىتىگە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى يىفېي ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، 9 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 12 ـ قېتىملىق كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا ھوقۇق بېرىپ ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھەم ۋەزىپە تەقسىملەش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە كۆزىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ نەزەرىيە، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى ۋە كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قاتارلىقلارنى نازارەت قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلەش كېرەك. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ كۆزىتىش، تەكشۈرۈشتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى نازارەت قىلىشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى كۆزىتىشكە 50 كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىنىدىغان بولۇپ، چاقىلىق ناھىيەسى، كورلا ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قاتارلىق تۆت ناھىيە (ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى)، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئون ئورۇندا دائىملىق كۆزىتىش قانات يايدۇرۇلىدىكەن، ئالتە ئورۇنغا قارىتا مەخسۇس كۆزىتىش قانات يايدۇرۇلىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ياخشى بولۇپ، يىللىق مەبلەغ سېلىش پىلانىنىڭ %94.3ى تاماملىنىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.48 پىرسەنت پوئېنت ئاشقان.

32 نۇقتىلىق تۈر ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىغاندىن باشقا، تىزناپ دەرياسى مومۇق سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ ـ ئارال تۆمۈريولى، تۇرپان ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش تۈرى، خوتەن 750 كىلوۋولتلۇق ترانسفورماتور پونكىتىنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق 90 تۈردە يېڭىدىن ئىش باشلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، چېتىلىدىغان ئومۇمىي سېلىنما 210 مىليارد 700 مىليون يۈەن؛ تاشيول، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەدىكى نۇقتىلىق تۈردە يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر، تولۇمچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، سۇچىلىق قاتارلىق ئۈچ ساھەدىكى تۈرلەرنىڭ ئىلگىرىلىشى بىرقەدەر تېز بولۇپ، سېلىنمىنىڭ تاماملىنىش نىسبىتى %97تىن ئاشتى.

بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قاتناش تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ياخشى بولدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ نۇقتىلىق قاتناش تۈرلىرىگە ئەمەلىي خىزمەت مىقدارى بويىچە جەمئىي 65 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملىنىپ، بۇ يىللىق پىلانىنىڭ %103ىگە توغرا كېلىپ، يىللىق سېلىنما ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

تۆمۈريول جەھەتتە، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولى، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى پۈتتى ھەم قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى، ئاقسۇ ـ ئارال تۆمۈريولى، ئۈرۈمچى ـ جياڭجۈنمياۋ تۆمۈريولىنىڭ 2 ـ لىنىيەسىنى ئېچىپ، ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش بويىچە ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۈرلەر تېز يولغا قويۇلدى.

ئايرودروم جەھەتتە، كېرىيە ۋەنفاڭ ئايرودرومى بۇ يىلنىڭ ئىچىدە پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ ئۈرۈمچى ئايروپورتىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، موڭغۇلكۈرە ئايرودرومى قۇرۇلۇشى تۈردە يىللىق سېلىنمىنى تاماملاش نىسبىتى %100تىن ئاشتى؛ تاشقورغان ئايرودرومى، تۇرپان ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش قاتارلىق تۈرلەر تېز ئالغا سىلجىتىلدى.

تاشيول جەھەتتە، G30 شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيول، شىخەنزە ـ ماناس بىڭتۈەن ـ يەرلىك يۇغۇرما سىناق رايونى 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى — شىخەنزە ـ ماناس چوڭ كۆۋرۈكى ھەم تۇتاشتۇرۇش لىنىيەسى يولى قاتارلىق ئىككى تۈر پۈتۈپ قاتناش باشلاندى، G314 لىنىيەسى بۇلۇڭكۆل ـ قونجىراپ پورتى بۆلىكى تاشيولى، S21 لىنىيەسى ئالتاي ـ ئۈرۈمچى تاشيولى، G577 لىنىيەسى تېكەس ـ موڭغۇلكۈرە تاشيولى قاتارلىق بىر تۈركۈم غول لىنىيە تاشيول تۈرلىرى تېز يولغا قويۇلدى؛ G219 لىنىيەسى ئاقچى ـ سەككىزتاش بۆلىكى تاشيولى، G 218 لىنىيەسى غۇلجا شەھىرىدىن ئۆتىدىغان تاشيول قاتارلىق تەييارلىق تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، قۇرۇلۇش مۇددەتتىن بۇرۇن باشلاندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنى يوقلاپ، ئۇلارنى مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

قەشقەر ئاۋدۇ شېكەرچىلىك چەكلىك شىركىتى «دېھقان ئائىلىسى + زاكاز» ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، قىزىلچا تېرىقچىلىق ئائىلىلىرى بىلەن سېتىۋېلىش توغرىسىدا زاكاز ئىمزالاپ، شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى، يەنە شۇ جايدىكى ئاممىنى 700دىن ئارتۇق ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى. نۇرلان ئەبلەمەجىن كارخانا مەسئۇلى ۋە ھەر مىللەت خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پىكىرلەشتى، كارخانىنىڭ ئاممىنىڭ شۇ جايدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: خاس كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يېڭىمەھەللە يېزىسى دۆڭ دۆۋاي كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئاھالە ئابلەخەت ئاۋۇت شىنبې ئۆستۈرۈشكە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بىر ئائىلىدىكى ئالتە جاننىڭ بۇ يىللىق كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 12 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نۇرلان ئەبلەمەجىن ئۇنى داۋاملىق تىرىشىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشقا يېتەكلەپ، كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

نۇرلان ئەبلەمەجىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇشقا ئاتلىنىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى، پەيزاۋات ناھىيەسىگە نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان، يۆلەۋاتقان ھەرقايسى ئورۇنلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلىشى كېرەك. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يۆنىلىش ۋە مۇھىم نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، كۈچەيتىشنى تېزلىتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچەش، شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق كۈچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا شەكىللەنگەن تەدبىر، تەجرىبىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسلاشتۇرۇش كېرەك. فۇنكسىيە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ياخشى ماسلىشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان نوپۇسلارنىڭ مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت بۇ يولدا تېخىمۇ مەزمۇت مېڭىش، تېخىمۇ يىراققا مېڭىش، تېخىمۇ نەتىجە ـ ئۈنۈملۈك مېڭىش كېرەك.

---

# تۇرپان شەھىرى نىزام چىقىرىپ، قۇرۇق ئۈزۈم كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇزاقتىن بۇيان، قۇرۇق ئۈزۈم ئىزچىل تۇرپاننىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالتۇن خەتلىك ماركىسى بولۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا سېتىلىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىدىكى ئاساسلىق يوللارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرپان شەھىرى قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، «تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىقىرىپ، قاتتىق ئۆلچەم تۈزۈپ، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، «يېمەك ـ ئىچمەك بىخەتەرلىكى»گە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

2018 ـ يىلى، تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەرقايسى رايون، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ «تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش چارىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، توشۇش، ساقلاش كارخانىلىرى، قۇرۇق ئۈزۈم سودا بازىرى تىجارەتچىلىرى، دېھقانلار قۇرۇق ئۈزۈم كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، قۇرۇق ئۈزۈم ۋاستىچىلىرى، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش چوڭ ئائىلىلىرى قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇردى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىگىلىشىچە، بىر قىسىم كەسىپكارلارنىڭ قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس ئىكەن، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى كەسپىدە ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا قائىدىسىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىك، سودا بازىرىنى باشقۇرۇش قېلىپلاشماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوغداش مېخانىزمى تاكامۇللاشماسلىق، قوغداش ئېڭى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بازاردا «تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى»نىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىسىنى ئىشلىتىش قالايمىقانلاشقان، ئۆز بېشىمچىلىق ئېغىر بولغان، يەنە كېلىپ داڭلىق ماركا تەشۋىقاتى مۇكەممەل پىلانلانمىغان، «تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى»نىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگە ئىگە ماركىسىنىڭ تۈپلىنىش ئۈنۈم ئېففېكتى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمىگەن.

تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى جەزمەن يەرلىك نىزام چىقىرىش ۋاستىسى ئارقىلىق تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى كەسپىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، دەپ قارىدى. «شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ‹نىزام› تۈزۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكى، زۆرۈرلۈكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، تۇرپان شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ‹نىزام›نى نىزام چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، نىزام چىقىرىش تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ‹نىزام (لايىھە)›نى تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇندۇق» دېدى تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى پەرھات ئىبراھىم.

بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنىدا «نىزام» تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى.

«نىزام» ئومۇمىي پرىنسىپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈشنى باشقۇرۇش، قۇرۇق ئۈزۈم پىششىقلاشنى باشقۇرۇش، قۇرۇق ئۈزۈم سېتىشنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، قانۇنىي جاۋابكارلىق، قوشۇمچە پىرىنسىپ قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى ماركىسىنى ئىشلىتىش دائىرىسى، ئۆلچىمى ۋە شەرتى مەخسۇس قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى تىجارىتى قىلىدىغان تەبىئىي ئىگە، قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان قۇرۇق ئۈزۈمى «جۇغراپىيەلىك بەلگە ئىگە مەھسۇلات — تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى»نىڭ دۆلەت ئۆلچىمىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى ھەم بازارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش تارمىقىغا جۇغراپىيەلىك بەلگە ئىگە مەھسۇلات مەخسۇس بەلگىسىنى ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلىشى، تەستىقلانغاندىن كېيىن ئاندىن مەخسۇس بەلگىنى ئىشلىتىشى بەلگىلەندى.

تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: «‹نىزام›دا تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، قۇرۇق ئۈزۈم پىششىقلاش ۋە تىجارەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارغىچە بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ھەم قۇرۇق ئۈزۈم پىششىقلاش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ھەرىكىتى تۈزۈم قاتلىمىدىن قېلىپلاشتۇرۇلدى.

«‹نىزام› جەزمەن تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويناپ، تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ ماركىنى تېخىمۇ ياخشى قوغدايدۇ، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق» دېدى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، تۇرپان شەھەرلىك باغ ـ ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھۆرنىسا قادىر.